پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئىشىنىشكە بولىدىغان، تايىنىشقا بولىدىغان، خاتىرجەم بولىدىغان سىياسىي قانۇن پولات قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىدە پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان، ئالدىغا بۆسۈپ چىقالايدىغان، غەلىبە قىلالايدىغان يېڭى دەۋردىكى سىياسىي قانۇن پولات قوشۇنى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇشنى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەقىقىي تۈردە تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش قوزغاتقان مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش قىزغىنلىقىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇشىغا، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «سىياسىي سادىقلىقنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، كۆپكە زىيان سالىدىغان زىيانداشلارنى يوقىتىش، جاھىل كېسەللىكنى تەرتىپكە سېلىش ـ تۈزەش، قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش»تىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەزىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ سىياسىي ئېكولوگىيەسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش، ئىنتىزام ـ ئىستىلنى يەنىمۇ ياخشىلاش، ساپا ـ ئىقتىدارنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ مۇتلەق سادىق، مۇتلەق ساپ، مۇتلەق ئىشەنچلىك بولۇشىغا، بارلىق ھەرىكەتتە باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى ۋە قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرگەنلەرگە كەڭچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈلگەنلەرنى قاتتىق بىرتەرەپ قىلىش»تەك سىياسەت يۆنىلىشىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ئالدىنقىنى جازالاپ كېيىنكىگە ئىبرەت بېرىش، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇشنى كۆزلەپ، كۆپ ساندىكىلەرگە تەربىيە بېرىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەرنى جازالاپ، سىياسىي ئۈنۈم، ئىنتىزام ـ قانۇن ئۈنۈمى، جەمئىيەت ئۈنۈمىنىڭ بىرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، سىياسىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ باش ۋەزىپىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ كۆزلەپ، ئىدىيەۋى يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىنى تۈزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دائىملىق، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي تەربىيە، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى، ئىبرەت تەربىيەسى، ئىلغار تىپلار تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولغان سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى تىرىشىپ كۈچەيتىش كېرەك. تەكشۈرۈش ـ تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى جاھىل كېسەللىككە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي قول سېلىپ، قېيىنغا تېگىش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، تەكشۈرۈش ـ تۈزىتىشتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. خۇلاسىلەش ـ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا تەكشۈرۈش، ئامما باھالاش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاشكارا تەربىيەلەش، تەرتىپكە سېلىشنى يولغا قويۇپ، ئۈنۈمنى باھالاشنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، ئاممىغا ئەمەلىي ئۈنۈمنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىياسىي مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشقا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، پارتىيە كومىتېتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتلىرى ۋە ھەرقايسى سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى كونكرېت تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇشى، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇشى، بىرلىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ھەرقايسى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى قاتلام، تۈرگە ئايرىپ دەل جايىدا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىشى كېرەك. ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ياخشى ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش ـ تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى، ئەزالىرى ۋە ئىشخانىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، نۆۋەتتە تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇشۇ يىللاردا، نۇرغۇن كىشى يىغىپ ساقلانغان بۇ قىزىل بۇيۇملارنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن چېن جيەن ھەممىسىنى رەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «يىغىپ ساقلىغان قىزىل بۇيۇملارنى ساتسام بولمايدۇ. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھەقسىز كۆرگەزمىخانا قۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىشنى ئارزۇ قىلىمەن».

قىزىلبايراق دېموكراتىيە مەھەللىسىدىكى كادىرلار ۋە قاراماي شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسىنىڭ بۇ مەھەللىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى زىيارەت جەريانىدا ئۇنىڭ بۇ ئويىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. كۆپ تەرەپ ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، 2018 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، مەھەللە ئاھالىلەر پائالىيەت ئۆيىنى ھازىرقى قىزىل ئەسلىمە كۆرگەزمىخانىسىغا ئۆزگەرتتى.

كۆرگەزمىخانىدا كۆرگەزمە قىلىنغان بۇيۇملاردىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن ھازىرغىچە بولغان ئىزناك، رەسىملىك ژۇرنال، ھەيكەل، كىتاب قاتارلىق جەمئىي 8000دىن ئارتۇق بۇيۇم بار. دۆلەت قۇرغۇچى شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش، داھىينىڭ سالاپىتى، داھىي بىلەن ھەر مىللەت خەلق قەلبداش، شانلىق ھايات، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش قاتارلىق بەش كۆرگەزمە رايونىغا بۆلۈنۈپ كۆرگەزمىگە قويۇلغان. كۆرگەزمىخانىدىكى كۆپ قىسىم ساقلانما بۇيۇمنى چېن جيەن ھەقسىز تەمىنلىگەن، بىر قىسىم قىزغىن پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، مەھەللە ئاھالىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلغان. 2019 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قىزىل ئەسلىمە كۆرگەزمىخانىسىغا قاراماي شەھەر دەرىجىلىك «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى» دەپ نام بېرىلگەن.

قىزىل ئەسلىمە كۆرگەزمىخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئورۇن، شەخسنى كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا جەلپ قىلدى. قىزىلبايراق دېموكراتىيە مەھەللىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى تىيې يەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كۆرگەزمىخانا يېڭى جۇڭگونىڭ قانداق كەلگەنلىكى، بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ يەنە مەھەللىنىڭ بۇ كۆرگەزمىخانىنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىكى ئەسلىي مەقسىتى، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، پارتىيە تارىخىنى ئەستە چىڭ ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، قاراماي شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى ئورگان پارتىيە كومىتېتىدىكى ئوندىن ئارتۇق كىشى قىزىل ئەسلىمە كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. قاراماي شەھەرلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى ئورگان پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زېڭ يەن مۇنداق دېدى: «ئېكسكۇرسىيەگە كەلگەن پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان كۈچ ئۇلاش تايىقىنى قولغا ئېلىپ، خىزمەتتە ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى يېڭى مۇساپىدە پارتىيەگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىدىغان كۈرەش قىلىش ئىزىنى قالدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

ھازىرغا قەدەر، قاراماي شەھىرىدىكى 708 كارخانا، كەسپىي ئورۇن قىزىل ئەسلىمە كۆرگەزمىخانىسىدا باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، كۆرگەزمىخانا ئېچىلغاندىن بۇيان ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار سانى 500 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن ھازىرغىچە، ئالىملار ئومۇميۈزلۈك ھالدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنى بۈگۈنكى بۈگۈر ناھىيەسى تەۋەسىدە بولۇشى كېرەك، دەپ قاراپ كەلگەن. 2018 ـ يىلى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە ـ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ مۇزېي شۆيۈەنى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، «جۇڭگونى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش» مۇھىم، زور تۈرىنىڭ بىرى — «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش» تۈرىنى باشلاپ، ئالدىنقى قاراردا بۈگۈر ناھىيەسى تەۋەسىدىكى زوركۆت قەدىمىي شەھىرى، كۇيۇك قەدىمىي شەھىرىدىن ئىبارەت ئىككى خارابىلىكنى ئارخېئولوگىيەلىك قازدى.

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كۇيۇك قەدىمىي شەھىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشقا مەسئۇل بولدى. بۇ قەدىمىي شەھەر بۈگۈر ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆللۈك بەلبېغىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 60 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. دەسلەپتە بەزىلەر كۇيۇك قەدىمىي شەھىرى ۋۇلېيچېڭ قەلئەسىگە جايلاشقان، يەنى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن دەپ قارىغان. لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 400 ـ يىللىرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 150 ـ يىللىرىغىچە (چۈنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە) شەھەر ئورنىنىڭ ئاساسلىق ئىشلىتىلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شەھەر ئورنى تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەم تاشلىنىپ قالغان. تۈر مەسئۇلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات مۇزېي تەتقىقاتچىسى داڭ جىخاۋ مۇنداق قارىدى: «كۇيۇك قەدىمىي شەھىرى نۆۋەتتە شىنجاڭدا ئىلمىي ئۇسۇلدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئارقىلىق بېكىتىلگەن دەۋرى ئەڭ بۇرۇنقى شەھەر ئورنى بولۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى دەسلەپكى مەدەنىيلىكنىڭ مەھەللىدىن شەھەرگە ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشنى ئاچقۇچلۇق ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلىدى».

بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە ـ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ مۇزېي شۆيۈەنى زوركۆت قەدىمىي شەھىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشقا مەسئۇل بولدى. زوركۆت قەدىمىي شەھەر خارابىسى بۈگۈر ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 24 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، كۇيۇك قەدىمىي شەھەرگە تەخمىنەن توققۇز كىلومېتىر كېلىدۇ. قەدىمىي شەھەر تاشقىرىقى شەھەر، ئىچكىرىكى شەھەر ۋە قورغان دەپ ئايرىلغان، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 330 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

چېن لىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «يەر قاتلىمىنىڭ دۆۋىلىنىشى ۋە قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارغا ھۆكۈم قىلىشقا ئاساسلانغاندا، قورغان جەنگو دەۋرىدە ياسىلىشقا باشلىغان بولۇپ، جەنگو دەۋرىدىن غەربىي خەن سۇلالىسى، شەرقىي خەن سۇلالىسى، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىدىكى ئۈچ قېتىملىق چوڭ ياساش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن، ئاساسلىق دەۋرى ئىككى خەن سۇلالىسى مەزگىلى. ئىككى خەن سۇلالىسى مەزگىلى يەنە زوركۆت قەدىمىي شەھىرى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىل بولۇپ، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. بۇ گۈللەنگەن مەزگىل دەل غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى دەۋرىگە ماس كېلىدۇ».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئارمىيەنىڭ پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى خىزمىتى سىستېمىلىق قېلىپلاشتۇرۇلدى. «بەلگىلىمە»نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك مەخسۇس مەسئۇل ئورگىنلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئارمىيەنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بەلگىلىمە» جەمئىي يەتتە باب، 44 ماددا بولۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى، كېڭەش ۋە قارار قىلىش، خىزمەت تۈزۈمى، ئىنتىزام ۋە مەسئۇلىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «بەلگىلىمە»دە پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ باش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنىڭ پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى قوغداش ئىكەنلىكىدەك تۈپ پرىنسىپ ۋە تۈزۈم ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى خىزمىتىدە سىياسىي نازارەتچىلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ئورنىدا جەزمەن چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىنى چىڭىتىپ، ئارمىيەنىڭ مۇتلەق سادىق، مۇتلەق ساپ، مۇتلەق ئىشەنچلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش تەكىتلەندى. «بەلگىلىمە»دە پارتىيە نىزامنامىسىدىكى تەلەپلەر ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئارمىيەنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە خىزمەت مەزمۇنى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ھەم ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى كېڭەيتىلىپ، تولۇقلىنىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى ياخشىلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى تەڭشىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى خىزمىتىنىڭ سىياسىيۋىلىكى، دەۋرچانلىقى، قاراتمىلىقى كۈچەيتىلدى. «بەلگىلىمە»دە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئۆزىنى نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، «بازغانچىنىڭ بېلى چىڭ بولۇشى شەرت» تەلىپى بويىچە تەربىيەلەش كۈچەيتىلىپ، باشقۇرۇش چىڭىتىلىپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش چىڭىتىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈشى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن تولۇق ئادا قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىككى يىغىن مەزگىلىدىكى مۇھىم سۆزى مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىدىيەۋى قورال ۋە تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتىيە گۇرۇپپىسى ھەم ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلىشى، قەدەمنى ياخشى ئېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئەينەن ئۆگىنىپ، سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق ئىگىلەپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، تور ۋە تور سىرتىدىكى تۈرلۈك بايلىقتىن ياخشى پايدىلىنىپ، يولنى بېيىتىپ، سۈپىنى كېڭەيتىپ، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كۆپ خىل تىلدا، ھەرتەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق شەكىلدە تەشۋىق قىلىپ، ئىككى يىغىننىڭ روھىنى ئاممىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، قەلبكە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسىنى يولغا قويۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلىپى بويىچە، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى زورايتىش، ئىچكى ئېھتىياج ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىسىنى كېڭەيتىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.